# شى جىنپىڭ چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زىيارەت جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق مۇھىم يىلدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا قىسقىغىنا 15 ئايدا ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ جانلىق نامايەندىسى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ھاسىل قىلىنغان تۈرلۈك ئورتاق تونۇشلارنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى قەدەممۇقەدەم گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ، چاۋشيەن تەرەپنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننى يولغا قويۇشنى قەتئىي قوللايدۇ، چاۋشيەن تەرەپنىڭ يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش، يېرىم ئارالنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ.

جىن جېڭئېن جۇڭگو تەرەپنىڭ چاۋشيەن پارتىيەسىنىڭ چاۋشيەن خەلقىنى يېتەكلەپ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرغانلىقىنى قوللىغانلىقى ھەم قىممەتلىك ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ تارىخى ئۇزاق، ئاساسى پۇختا، نۆۋەتتە، چاۋشيەن بىلەن جۇڭگو خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك زىچ ھەمتۈرتكە بولۇپ، دوستانە ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. مەن پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ، يولداش باش شۇجى بىلەن بىللە، يېڭى تارىخىي پەللىدە چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىنى داۋاملىق يېزىشنى خالايمەن. جىن جېڭئېن يەنە شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭنىڭ رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ھەم جىن جېڭئېننىڭ رەپىقىسى لى شۆجۇ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى، جىن جېڭئېن ۋە رەپىقىسى قورۇدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشتى. مەنزىرىسى گۈزەل جىنشيۇەن مەرھابا مېھمانسارىيىدىكى كۆل بويىدا شى جىنپىڭ بىلەن جىن جېڭئېن ئازادە، دوستانە كەيپىياتتا سەيلە قىلىپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلاردا سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، جىن جېڭئېن ۋە رەپىقىسى شى جىنپىڭ ھەم رەپىقىسى ئۈچۈن چۈشلۈك زىياپەت ئۆتكۈزدى.

### چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ

# شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا قايتىپ كەلدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، پيوڭياڭ، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر خاۋ ۋېيۋېي) 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چاۋشيەنگە قىلغان دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پيوڭياڭدىن ئايرىلىپ دۆلەتكە قايتتى. ئايرىلىشتىن بۇرۇن شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن ۋە رەپىقىسى لى شۆجۇ ئايروپورتتا ئۆتكۈزگەن ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شۇ يەر ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 3لەردە، چاۋشيەن خەلق ئاممىسىنىڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇزىتىشى بىلەن، شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن ئايروپورتقا يېتىپ باردى، جىن جېڭئېن ۋە رەپىقىسى ئاپتوموبىلدىن چۈشىدىغان جايدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. چاۋشيەندىكى ھەر ساھە ئاممىسى ئايروپورتتا قىزغىن ئۇزاتتى، شى جىنپىڭ ئۇلارغا قول ئىشارىسى قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ھەربىي ئوركېستىر جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى، شى جىنپىڭ جىن جېڭئېننىڭ ھەمراھلىقىدا چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى ئۈچ ئارمىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. چاۋشيەنلىك ئۆسمۈر بالىلار شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسىگە گۈل تەقدىم قىلدى. شى جىنپىڭ ئۇزىتىشقا كەلگەن چاۋشيەن تەرەپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. مەخسۇس ئايروپىلان شوتىسى يېنىدا، شى جىنپىڭ جىن جېڭئېن بىلەن چىڭ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى ئايروپىلان شوتىسىغا چىقىپ، ئايروپىلان بۆلۈمچىسى ئىشىكى ئالدىدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، جىن جېڭئېن ۋە رەپىقىسىگە قول ئىشارىسى قىلىپ خوشلاشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

سۇي لۇڭخەي، پياۋ فېڭجۇ، لى يۇڭخاۋ، لى ۋەنجيەن، لى جۇيۇڭ، سۇي خۇي، لى يۇڭجى، نۇ گۇاڭتيې، لى لۇڭنەن، جىن نېڭۋۇ، جىن يۈجېڭ قاتارلىقلار ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى يوقلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىخىي داستان تام رەسىملىرىنى كۆردى. جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆرسەتكەن ۋەتەننىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ بېغىشلىما دەپتىرىگە: «ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈن، مەن چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى يوقلاپ كەلدىم. پىدائىي قىسىمدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىسمىلىكى ۋە خاتىرە زالىدىكى غايەت زور رەسىملەردە جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممىسىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن، ياڭ گېنسى، لو شېڭجياۋ قاتارلىق پىدائىي قىسىمدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىسمى ۋە ئوبرازى بار، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى جۇڭگودا ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ بىرلىكتە جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى يوقلىشىمىز، بىرىنچىدىن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان شەرەپلىك تارىخىنى ئەسلەش؛ ئىككىنچىدىن، كېيىنكىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرگە جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەتنىڭ تىنچلىقنى قوغداشتەك قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىش. بىز چوقۇم جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

جىن جېڭئېن مۇنداق دېدى: چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇنارى چاۋشيەن ـ جۇڭگو ئەنئەنىۋى دوستلۇقىدىكى بىر ئابىدە، چاۋشيەن پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ چاۋشيەندە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ ھەم يېڭى دەۋردە چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يوقلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

چاۋشيەن تەرەپتىن يوقلاشقا قاتناشقانلاردىن: سۇي لۇڭخەي، پياۋ فېڭجۇ، لى جۇيۇڭ، لى يۇڭخاۋ، جىن نېڭۋۇ، جىن يۈجېڭ قاتارلىقلار بار.

# باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سانجى ئوبلاستلىق ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قوماندانلىق مەركىزى زامانىۋى سانلىق مەلۇمات سۈپىتىدىن پايدىلىنىپ، رايون تەۋەسىنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ، ئۆز رايون تەۋەسىدىكى بۇلغىما ماددىنىڭ زامان ـ ماكان ئۆزگىرىش يۆزلىنىشىنى ۋاقتىدا ئانالىز قىلىپ، بۇلغىما مەنبەسىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، قوماندانلىق قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بەش بىر گەۋدىلەشكەن مۇھىت نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. شۆھرەت زاكىر قوماندانلىق مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇپ يۈرۈشۈشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: سىستېما مۇكەممەل، نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش دەل جايىدا بولغان، ئانالىز قىلىش، تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىش ئىلمىي بولغان مۇھىتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ، مۇھىتنى كۆزىتىپ ئۆلچەشتىكى ئىقتىدار ۋە سەۋىيەنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق رايون تەۋەسىنىڭ مۇھىتنى تۈزەش ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساسنى پۇختىلاش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك چېڭبېي ھاسىلىي سۇ زاۋۇتىدا، شۆھرەت زاكىر سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى ۋە زاۋۇتتىن چىققان سۇنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، ھاسىلىي سۇ زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇپ يۈرۈشۈشى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسىنى ياخشى ئىشلىتىپ، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھاسىلىي سۇ بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنى ئىلمىي ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىپ، سۇ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەشنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئاشۇرۇش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا ھەقىقىي نامايان قىلىش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش قايتىما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېھتىياجىنى ئۆزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەلەپ قىلدى: قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، مەسىلىنى رەتلەپ، مەسىلىنى تولۇق كۆرۈش بۇلۇڭىدىن، كۆپ ئۆلچەمدىن كۆزىتىشكە، مەسىلىنى ئانالىز قىلىشقا ماھىر بولۇپ، كۈچەش نۇقتىسى ۋە يۆنىلىشىنى توغرا تېپىپ، ئەنچلىك، يولغا قويۇشقا بولىدىغان، مەشغۇلات قىلىشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، رايون تەۋەسى مۇھىتىدا بىرلىكتە ئالدىنى ئېلىش، بىرلىكتە تۈزەشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### ۋاڭ جۈنجېڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**مۇخبىرىمىز سۇي يۈنيەن خەۋەر** قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ئورگىنىدىكى بارلىق كادىرلار دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

دوكلاتتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بارلىق سىياسىي ـ قانۇن كادىرلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىگىلەپ، باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي مەيدان ۋە سىياسىي يۆنىلىشنى مۇستەھكەملەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

دوكلاتتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بارلىق سىياسىي ـ قانۇن كادىرلىرى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇپ، دۆلەتكە سادىق بولۇپ، خەلققە سادىق بولۇپ، قانۇنغا سادىق بولۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ يېنىدىلا ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇستەھكەم قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.